# «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتى نىزامى» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېزا خىزمىتى نىزامى» قاراپ چىقىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگورۇپپا)لار ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرى، ئىشتات كومىتېتى ئىشخانىلىرى پارتكومغا ياردەملىشىپ بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش، ھەيدەكچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، ياندىش قانۇن ـ نىزام تۈزۈمى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشى، ئالاقىدار فۇنكسىيەلىك تارماقلار زىچ ماسلىشىپ، ئىش تەقسىملەپ ھەمكارلىشىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېزا خىزمىتى نىزامى»نى تۈزۈش پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ يېزىلاردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، يېڭى دەۋر يېزا خىزمىتىدە باشتىن ـ ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلاشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى باش تۇتقا قىلىپ، پارتىيەنىڭ يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تەشكىلىي سىستېمىسى، تۈزۈم سىستېمىسى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ بېرىش، ئاز ئېلىش، جانلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئورتاق بېيىش يولىدا مېڭىش كېرەك. يېزىلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى پارتىيەنىڭ تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىدىغان، پارتىيەنىڭ قارارىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، سەپەرۋەر قىلىدىغان، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان، ئىسلاھات، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان كۈچلۈك جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئاممىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىدىغان، ھەقىقىي تۈردە ئاممىنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىدىغان قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ G20 باشلىقلار يىغىنىغا ئۇدا يەتتىنچى قېتىم قاتنىشىشى ياكى رىياسەتچىلىك قىلىشى جۇڭگو تەرەپنىڭ G20 ھەمكارلىقى ۋە يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ تۆت باسقۇچلۇق ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىدۇ، دۇنيا ئىقتىسادى ۋە سودا، رەقەملىك ئىقتىساد، سىغدۇرۇشچان ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات، ئۇل ئەسلىھە، كىلىمات، ئېنېرگىيە، مۇھىت قاتارلىق قارالمىلار توغرىسىدىكى مۇھاكىمىگە قاتنىشىپ، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىگە بولغان قارىشى، تەشەببۇسىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، ھازىر ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا مەنبەنى تېپىش، تومۇرنى توغرا تۇتۇش، رېتسېپنى ياخشى يېزىشقا كۈچ چىقىرىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چوڭ يۆنىلىشىنى ياخشى ئىگىلەيدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ بىرەسمىي ئۇچرىشىشى، جۇڭگو ـ رۇسىيە ـ ھىندىستان رەھبەرلىرىنىڭ بىرەسمىي ئۇچرىشىشى، جۇڭگو ـ ئافرىقا رەھبەرلىرىنىڭ كىچىك تىپتىكى ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەردە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ھەمكارلىققا تۈرتكە بولىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ يەنە كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئىككى تەرەپلىك كۆرۈشۈش ئۆتكۈزۈپ، ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ، ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

جاڭ جۈن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: G20 ــ خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ ئاساسلىق مۇنبىرى. ھازىر، يەككە تەرەپچىلىك ۋە قورۇقچىلىق خەلقئارا ئىقتىسادىي تەرتىپكە ئېغىر زەربە بېرىپ، دۇنيا ئىقتىسادى دۇچ كەلگەن خەۋپ ـ خەتەر ۋە مۇقىمسىزلىقنى روشەن ئاشۇرۇۋەتتى. جۇڭگو دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇزاقتىن بۇيان دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتا مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇردى. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، ساھىبخانا دۆلەت ياپونىيە ۋە خەلقئارا جەمئىيەت رەئىس شى جىنپىڭنىڭ دابەن باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىشىنى قىزغىن كۈتمەكتە. جۇڭگو تەرەپ G20 دابەن باشلىقلار يىغىنىنىڭ پائال نەتىجىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ. بىز ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە كۆپ تەرەپچىلىكنى قەتئىي قوغداش، خەلقئارا قانۇن ئاساس قىلىنغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغداش، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداشنى؛ G20نىڭ توغرا يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، ھەمراھلىق روھىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسەت جەھەتتە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىق ـ ھەمكارلىقنى ساقلاشنى؛ يەر شارىۋى خىرىسقا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچان، ئىجابىي پوزىتسىيە بىلەن دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش ئىستىقبالى ۋە يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە ھەمكارلىشىپ تاقابىل تۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئورتاق تەرەققىيات ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى خالايمىز.

زوۋ جيايى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل G20نىڭ مالىيە ـ پۇل مۇئامىلە يولى ھەمكارلىقى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم، نەتىجىلەر مول بولدى. دىققەت قىسقا مەزگىللىك ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە خەۋپ ـ خەتەرگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپلا قالماستىن، پۈتۈن يەر شارىۋى ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش تېخىمۇ كەڭ نەزەردە تۇتۇلدى. 6 ـ ئايدا باشلىقلار يىغىنىدىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق G20 مالىيە مىنىستىرلىرى ۋە مەركىزىي بانكىنىڭ بانكا باشلىقلىرى يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، دابەن باشلىقلار يىغىنى ئۈچۈن تولۇق مالىيە ـ پۇل مۇئامىلە سىياسىتى تەييارلىقى قىلىنىپ، تۆۋەندىكىدەك نەتىجىلەر ھاسىل قىلىندى: بىرىنچى، سىياسەت جەھەتتە ماسلىشىش ساقلىنىپ، يەر شارىۋى ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلىنىڭ مۇقىملىقى قوغدالدى. G20 ئەزالىرى بارلىق سىياسەت قوراللىرىنى داۋاملىق ئىشلىتىپ، سۆزلىشىش ۋە ھەرىكەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تەڭپۇڭ، سىغدۇرۇشچان ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەكىتلىدى. ئىككىنچى، تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇل ئەسلىھە سېلىنما پىرىنسىپى تۈزۈلدى. يىغىندا «G20نىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇل ئەسلىھە سېلىنما پىرىنسىپى» تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. بۇ نەتىجە ھۆججەتتە مەۋقەنى تەرەققىياتقا قويۇپ، تەرەققىياتقا مەدەت بېرىپ، جۇڭگو تەرەپ ئىزچىل تەشەببۇس قىلىۋاتقان «ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش»، «ئۆزئارا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش» قاتارلىق مۇھىم ئىدىيەلەرنى ئەكس ئەتتۈردى، بۇ، خاڭجوۋ باشلىقلار يىغىنىدىكى ئالاقىدار ئورتاق تونۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە داۋامى بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى تەرەپنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇل ئەسلىھە سېلىنمىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ئۈچۈنمۇ كېرەكلىك پايدىلانما بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۈچىنچى، يەر شارىۋى تەڭپۇڭسىزلىقنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇنۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەڭپۇڭ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يىغىندا «G20نىڭ يەر شارىۋى تەڭپۇڭسىزلىق توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال باياناتى» ماقۇللىنىپ، يەر شارىۋى دائىملىق ھېسابات تەڭپۇڭسىزلىقى، يەر شارىۋى تەڭپۇڭسىزلىق قۇرۇلمىسى، سودا تەڭپۇڭسىزلىقىنى قانداق ھەل قىلىش قاتارلىق بەزى مۇھىم مەسىلىلەردە بىرقەدەر ئوبيېكتىپ ئورتاق تونۇش شەكىللەندۈرۈلدى. خېلى كۆپ دۆلەتلەر جۇڭگونىڭ تاشقى تەڭپۇڭسىزلىقنى ئازايتىشتا قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم ئىلگىرىلەشلىرى ھەم يەر شارىۋى تەڭپۇڭسىزلىقنى ياخشىلاشتىكى غايەت زور تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. تۆتىنچى، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك خىرىس كۆزدە تۇتۇلۇپ، دىققەت قېرىلىشىشقا ۋە ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقىنى قاپلاشقا مەركەزلەشتۈرۈلدى. يىغىندا مۇنداق قارالدى: G20دىكى ھەرقايسى تەرەپلەر سىغدۇرۇشچان ئەمگەك كۈچى بازىرى سىياسىتى، كۆتۈنۈش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئاممىۋى كىرىم ـ چىقىم ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، قېرىلىشىش مەسىلىسىگە پائال تاقابىل تۇرۇشى، ئەۋلادلار ئارا باراۋەرلىكنى قوللىشى ھەم ئاممىۋى مالىيەنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىللىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ۋاڭ شوۋۋېن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىرقى ۋەزىيەتتە، خەلقئارا جەمئىيەت G20 دابەن باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ھەرىكەت كۈچىنى داۋاملىق نامايان قىلىپ، خەلقئارالىق مۇھىم ئىقتىساد ـ سودا قارالمىلىرى توغرىسىدا سەممىي، چوڭقۇر ۋە ئىجابىي سۆزلىشىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى يېتەكچى بىلەن تەمىنلىشىنى، يېڭى پىكىر يولى ئېچىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. 6 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن G20 سودا مىنىستىرلىرى يىغىنىدا قوشما بايانات ئېلان قىلىنىپ، ياخشى سودا سېلىنما مۇھىتى بەرپا قىلىش، دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولۇش، سودا بىلەن رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ ھەمتۈرتكىلىكىنى كۈچەيتىش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل ۋە سىغدۇرۇشچان ئېشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلار توغرىسىدا پائال ئورتاق تونۇش شەكىللەندۈرۈلۈپ، G20نىڭ ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇلدى. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپنىڭ بۇنى ئاساس قىلىپ، دابەن باشلىقلار يىغىنىدا تۆۋەندىكى ساھەلەردە تېخىمۇ كۆپ ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشكە تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ: بىرىنچى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ زۆرۈر ئىسلاھاتىغا ئىجابىي تۈرتكە بولۇش. جۇڭگو تەرەپ دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ زۆرۈر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىنى قوللاپ، ئۇنىڭ نوپۇزلۇقلۇقى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى كۈچەيتىدۇ. بىز باشلىقلار يىغىنىنىڭ كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوللاش، يەككە تەرەپچىلىك ۋە قورۇقچىلىققا قارشى تۇرۇشتىكى ئىجابىي ئورتاق تونۇشنى يەنىمۇ مۇجەسسەملىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئىككىنچى، ئەركىن، ئوچۇق سودا سېلىنما سىياسىتى مۇھىتى بەرپا قىلىش. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە، ئوچۇق سىياسەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە مەبلەغ سالغۇچىلىرى ئۈچۈن ئەركىن، ئادىل، كەمستىش بولمىغان، ئاشكارا، ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە ۋە مۇقىم سودا سېلىنما مۇھىتى بەرپا قىلىشنى خالايدۇ. ئۈچىنچى، سودا سېلىنمىسىدىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، سىغدۇرۇشچان ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئېشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش. بىز باشلىقلار يىغىنىنىڭ يېڭى ئېشىش ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى ۋە تەرەققىيات يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، سودا سېلىنمىسى بىلەن رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى بىلىملەر ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ۋە خەلققە بەخت يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز. دابەن باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئىجابىي، ئەمەلىي ئىقتىساد ـ سودا نەتىجىلىرىنى ھاسىل قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، ئومۇم مەنپەئەتلىنىدىغان، تەڭپۇڭ، ئورتاق پايدا ئالىدىغان بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

چېن يۈلۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىكى ئەھۋالنى نۇقتىلىق تونۇشتۇردى: بىرىنچى، ماكرو ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇش توغرىسىدا. جۇڭگو تەرەپ G20دىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىلگىرىكى ئورتاق تونۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، سىرتقا ئېنىق، ئاكتىپ سىگنال تارقىتىپ، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، سۆھبەت ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ماكرو ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مالىيە، پۇل ۋە قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات قاتارلىق تۈرلۈك سىياسەت قوراللىرىنى ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىپ، يەر شارىۋى پۇل مۇئامىلىنىڭ مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغداپ، يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تەڭپۇڭ، سىغدۇرۇشچان ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىككىنچى، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە قۇرۇلمىسى توغرىسىدا. جۇڭگو تەرەپ كۈچلۈك، سىغىمچانلىق ئاساس قىلىنغان، بايلىق مەنبەسى يېتەرلىك بولغان خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنى ئىزچىل قوللاپ كەلدى، دابەن باشلىقلار يىغىنىنىڭ خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى پۇل مۇئامىلە بىخەتەرلىك تورىدىكى مەركەزلىك ئورنىنى داۋاملىق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپ بىلەن ئىجابىي سۆھبەتنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئالاقىدار خىزمەتلەرگە ئورتاق تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۈچىنچى، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىنىڭ قارالمىلىرى توغرىسىدا. جۇڭگو تەرەپ باشلىقلار يىغىنىنىڭ پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشكە قوشۇلۇپ، ئالاقىدار سەلبىي تەسىرلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، يېڭى تېخنىكىنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە قوللىنىلىشىنىڭ پائال ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىش بىلەن بىللە، ئالاقىدار خەۋپ ـ خەتەرلەرگە دىققەت قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن پۇل يۇيۇشقا قارشى تۇرۇش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش بويىچە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. تۆتىنچى، يېشىل پۇل مۇئامىلە توغرىسىدا. يېشىل پۇل مۇئامىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. جۇڭگو تەرەپ دابەن باشلىقلار يىغىنىنىڭ يېشىل پۇل مۇئامىلىنىڭ يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى داۋاملىق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپ بىلەن ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، يېشىل پۇل مۇئامىلە تەرەققىياتى ئارقىلىق يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەشىنچى، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلە توغرىسىدا. ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنىڭ ئىمكانىيىتى ۋە قولايلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ سىغدۇرۇشچان ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. جۇڭگو ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن تەجرىبىلەردىن داۋاملىق بەھرىلىنىپ، يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ سىغدۇرۇشچان ئېشىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ.

## 1. تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىشتە، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىش، كەمتۈكلۈكلەرنى تەكشۈرۈپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا مەسىلىنى توغرا تېپىپ، ھەقىقىي تەكشۈرۈپ، يىلتىزىنى چوڭقۇر، تولۇق تەھلىل قىلىش كېرەك. تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، دىققەتنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، باشلىنىشىدىلا تۈزىتىپ، «تۈزىتىش»نى باشتىن ـ ئاخىرغا سىڭدۈرۈپ، ھەقىقىي تۈزىتىپ، ئەمەلىي تۈزىتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش كېرەك. باش تېما تەربىيەسى ئارقىلىق، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش، يېڭى يۈكسەكلىككە يېتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى پۇختا، ياخشى تۇتۇش كېرەك. دىققەتنى باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇش، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى زىچ چۆرىدەپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەش كېرەك، پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ، ئەستايىدىل بولۇپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇپ، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىپ، قانۇنىيىتىنى چۈشىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى تولۇق ئوقۇپ، كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، كۆپ ئويلىنىپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك، ئەتراپلىق ئىگىلەپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. مەركەزلىك ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، پارتكوم(پارتگورۇپپا) نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گورۇپپىسى ئۆگىنىش، كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، دىققەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىشنى ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىدا دۇچ كەلگەن تەخىرسىز مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، شەخسنىڭ ئىدىيە ئەمەلىيىتى ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۆزلەپ، قاراتمىلىق ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ۋە ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەسىلىنى بايقاش، مەسىلىنى ھەل قىلىشنى كۆزلەپ، قايسى جەھەتتىكى مەسىلىلەر گەۋدىلىك بولسا دىققەتنى شۇ جەھەتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈش، مەسىلە قايسى ھالقىلاردا كۆرۈلسە شۇ ھالقىلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نەزەرىيەنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى پۇختا قانات يايدۇرۇش ئاساسىدا مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسىنى ياخشى سۆزلەش كېرەك، ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار باشلامچى بولۇپ سۆزلىشى، باشقا بەنزە ئەزالىرى ئۆزى مەسئۇل ساھە ياكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا بېرىپ سۆزلىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، قايتا ئويلىنىش كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار پىكىر يولىنى كەڭ ئېچىپ، يوللارنى راۋانلاشتۇرۇپ، چىن كۆڭلى، سەممىي نىيىتى بىلەن ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى، ئامما، خىزمەت ـ مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلىشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ئاڭلىق ھالدا قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە كۆرسىتىلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنىڭ ئىچكى مۇھىم نىزاملىرى توپلىمى»غا سېلىشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچقا سېلىشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ئارزۇسىغا سېلىشتۇرۇپ، ئىلغار تىپلارغا، ئەتراپتىكى ئۈلگىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، ئېلىنغان پىكىر ـ تەكلىپلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە تەتبىقلىشى، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىگە تەتبىقلىشى، خىزمىتىگە تەتبىقلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە بەنزە ئەزالىرى پېچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىشتەك ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ، قايتا ئويلىنىپ، خىزمەتتىكى كەمتۈكلۈك، كونكرېت مەسىلىلەرگە قارىتا ئىدىيە، سىياسىي، ئىستىل، ئىقتىدار، پاكلىق جەھەتتىن چوڭقۇر تەھلىل قىلىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچىشى كېرەك. مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇش، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار، رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەكشۈرۈلگەن، كۆزىتىلگەن، تەھلىل قىلىنغان مەسىلىلەر ئىچىدىن، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەر ئىچىدىن ئەڭ گەۋدىلىك بولغان، باش تېما تەربىيەسى مەزگىلىدە ھەل قىلغىلى بولىدىغان بىرنەچچە مەسىلىنى ئايرىم ـ ئايرىم تىزىپ چىقىپ، تۈزىتىش، ھەل قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇشى كېرەك. رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنىلا تۇتۇپ، ئۆزىنى تۇتماسلىقتىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق تەكىتلەندى: ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا، ياخشى، دەل جايىدا ئىشلەش كېرەك، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار نەمۇنىلىك، يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئۆزىنى باش تېما تەربىيەسىدىكى رەھبەرلىك قىلغۇچى، تەشكىللىگۈچى دەپلا قاراپ ئۆزىنى چەتكە ئالماسلىقى، ئۆگىنىش ئۆگىنىش پېتى، سۆز سۆز پېتى، ئىش ئىش پېتى قالماسلىقى، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق ۋە قۇرۇق رەسمىيەتچىلىكتىن ھەقىقىي ساقلىنىشى كېرەك.